"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى

تۇختاش بەكرى

# يايلاق لاچىنى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

توختاش بەكرى

# يايلاق لاچىنى

( بالىلار شېئىرلىرى )

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：夏木斯亚·吐尔逊
责任校对：海仁沙·肉孜

图书在版编目(CIP)数据

草原雄鹰：维吾尔文/托合塔西著. 一北京：
民族出版社，2007.3
（托起明天的太阳—民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-08185-1

Ⅰ.草... Ⅱ.托... Ⅲ.①儿童文学—诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）②儿童文学—谜语—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 036262 号

出版发行：民族出版社 http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：民族印刷厂
版　　次：2007 年 3 月第 1 版　2007 年 3 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米
印　　张：3.75
印　　数：0001-3000 册
定　　价：6.00 元
978-7-105-08185-1/I.1801(维 261)

مەسئۇل مۇھەررىر : شەمسىيە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى

# ياىلاق لاچىنى

## ئاپتورى: توختاش بەكرى


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 6429086 - 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | مىللەتلەر باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2007-يىل 3- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2007-يىل 3- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م· 32كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 3 ·75 |
| سانى | : | 0001 - 3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

978-7-105-08185-1/I. 1801 (维 261)

# نەشرىياتتىن

توختاش بەكرى 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسى خۇدىيارىيۈزى يېزىسى گەمە مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ۋە غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ (سايرامىيە) مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خالىس ياردىمىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن. كېيىن « ئىلى گېزىتى » دە مۇخبىر ۋە تەھرىر، غۇلجا ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر، ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ئوقۇتۇش، مائارىپ، تارىخ تەتقىقاتى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. ھازىر پېنسىيەدە.

توختاش بەكرى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا زور ئىشتىياق باغلىغان. 1956 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قۇرۇلتاي»، «ۋەتەن»، «ئوقۇتقۇچۇم» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئاپتور ئەدەبىياتىمىزدا باللار ئەدەبىياتى ئىزچىل ئاجىز ھالقا بولۇۋاتقان ۋەزىيەتنى تونۇپ يېتىپ، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن باللار ئۈچۈن شېئىر، ھېكايە، تېپىشماق، مەسەل، چۆچەك، لاپ، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت، ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى ۋە بىر قىسىم توپلاملارنى نەشر قىلدۇردى.

ئاپتورنىڭ شېئىرىي تېپىشماقلار توپلىمى(1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسىملىرى) ئاپتونوم رايون بويىچە «باللار مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى» دە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان؛ « دىۋە ۋە باللار» ناملىق شېئىرىي چۆچىكى 2001 ـ يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا مۇيەسسەر



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بولغان. 2003 ـ يىلى يەنە شۇ نامدىكى مۇكاپات يىغىندا «هازىرقى زامان ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى تۆھپىكارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆتكۈزگەن باھالاش يىغىندا «سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان يازغۇچى» دېگەن نامغا نائىل بولغان؛ 2005 ـ يىلى مەملىكەتلىك «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ ئۈرۈمچى ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مۇكاپاتلاش يىغىندا ئاپتورنىڭ «پارلاق شەھەر ئۈرۈمچى»، «ئانامغا»، «مەن دېيمەنكى» ناملىق شېئىرلىرى «چولپان» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ «قەلەمداشلارغا» ناملىق شېئىرى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان.

ئۇ هازىر مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى.

# مۇندەرىجە


يۈرەك كۈيلىرى ........ 1

رەھمەت قىزچاق ........ 7

ئاتقا ئامراق قىز ........ 9

ئىتىراز ........ 16

قارا تاختا ........ 17

ھاسام ........ 20

بايقىسام ........ 22

كېلىشىم ........ 23

تۇرپان ئىلھاملىرى ........ 27

ھەسرەتنامە ........ 33

مەسەل ، چۆچەك ۋە داستانلار

بوز تورغاي ........ 40

ھېلىم بەك سەت چاندۇردى ........ 46

ئوغلاق بىلەن بۆرە ........ 56

گۈل ۋە گۈلچى قىز ........ 58

پەزىلەت ناخشىسى ........ 64

يايلاق لاچىنى ........ 75

شېئىردي تېپىشماقلار ........ 98

شېئىردي تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ........ 114

# يۈرەك كۈيلىرى

(چاتما)

## تىڭشارسەنمۇ؟

جېنىم ئانام ـ ئەزىز ئانام،
تىڭشارسەنمۇ ناخشا ئېيتسام؟
كۈلەرسەنمۇ بۇلبۇلۇڭ بوپ،
باش ئۈستىڭدە قانات قاقسام؟!

بىر مىنۇتلۇق ئەقىدەڭگە،
ئېيتقان ناخشام تېتامدىكىن؟
كۆپ تارتقانتىڭ جاپايىمنى،
هاردۇقلىرىڭ چىقامدىكىن؟!

قورۇقلارنى سىلىپ ئۆتتى،
غۇربەتچىلىك يۈزلىرىڭگە.
ئۆرتىنەتتىڭ" ئانا نان!" دەپ،
تەلمۈرسەم مەن كۆزلىرىڭگە.

گۇۋاھ بولۇپ قالدى ئانا،
ئاق چاچلىرىڭ كەچمىشىڭگە.
كۈيلەي، دېدىم ئەجرىڭنى،
يېتىپ ئەمدى شۇ قەدرىڭگە!...

## تومۇزدا

تومۇز كۈنلەر، بولار تىنجىق...
جىمى جانلىق ئىزلەر پاناھ.
قانات تاشلاپ كۆكتە كاككۇك،
ھاسىرىشار سۇدا پاقا...

ئۇكام بىلەن ئولتۇرىمىز،
چولاق تامنىڭ سايىسىدا...
تەڭنىدىكى سۇنى ئويناپ،
كۆلكە ـ يىغا ئارىسىدا...

ئانا ئۆزۈڭ تونۇرىڭنىڭ،
بېشىدا بىر پەرۋانىسەن!
ئويناق سالار گۇركىرەپ ئوت،
چېكىنمەيسەن مەردانىسەن!...

ئويلىدىمكى پەرۋانىلەر،
سەندىن ئۆلگە ئالغانمىكىن؟!
ئوتتىن قورقماس ئوت يۈرەكنى،
قۇياش ساڭا سالغانمىكىن؟!

## ئانا ئەقىدىسى

قوقاس بىلەن ـ يالقۇن بىلەن،
كۆسەي تۇتۇپ ئېلىشىسەن!

بىر قولۇڭدا ساپال قاچا،
تۇز چاچىسەن، ئىڭىشىسەن!...

پاژ- پۇژ قىلىپ چىققاندا بۇس،
چىمىرلايدۇ ئانا كۆزۈڭ...
تونۇردىكى توقاچلاردەك،
ئوت ئالىدۇ ئاپئاق يۈزۈڭ!...

يوغان يەڭلىك. ئىغىر يەڭلىك،
ئوينار ئانا قوللىرىڭدا.
كۆلەر شۇندا "تولۇنئاي" لار،
يالقۇنجىغان تونۇرۇڭدا!

بەزەن نانلار ئىقىپ كەتسە،
سەنمۇ دەرھال تەڭ ئاقىسەن!
كۆلدىن ئىلىپ پۈۋلەشتۈرۈپ،
تۈزەشتۈرۈپ تىز ياقىسەن!...

ئانا ئاشۇ ئەقىدەڭگە،
ھۆرمىتىمنىڭ يوقتۇر چىكى!
غەرەزسىز پاك پەرىشتە سەن،
ئۆلمەيدىغان قەلبىمدىكى!...

ئاھ جاپاكەش جىنىم ئانا،
ياد ئەيلەيدۇ ئوغلۇڭ سىنى!
لەرزىگە سىپ تۇرار دائىم،
ئىش- ئىزلىرىڭ ۋۇجۇدۇمنى!...

كىرلار يۇيدۇڭ، بىزنىڭ ئەمەس—
بايلارنىڭكى، كۈن پاتقۇچە...
كىرلار يۇيدۇڭ ئاياز[1] دىمۇ،
تىرنىقىڭدىن قان چىققۇچە...

ھەپتە-ھەپتە ئىشلەپ ئاران،
ئېلىشىڭتى ئاشقان كىيىم...
ھە، ئۇلارنى سەپلەيتتىڭغۇ،
تۈنلەر بويى تاپماي تىنىم...

ئۆگدەك ئارىلاش كىرگەن يىڭنە،
قوللىرىڭغا تالاي قېتىم...
"ئايئاي كۆڭلەك" دېگىنىمدە،
تۆكۈلەتتى ئۈنسىز يېشىڭ...

ئاشۇ ئىشلار كۆز ئالدىمدا...
يىغان بىلەن ئويلىنىمەن!
ھەر بىر يېڭى كىيىم كىيسەم،
يايرىماق يوق تولغۇنىمەن!...

مەرھۇم ئانا بولغىنىڭدا،
سېنى تونغا ئورار ئىدىم!...
مېنىڭ ئۈچۈن زەخمەت يەتكەن،
قوللىرىڭنى پۇرار ئىدىم!...

[1] ئاياز — قەھرىتان قىش پەسلى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# پاسىباندۇر

ئانا ھەققى ئۇچۇن بىر ئاز،
ناخشا - كۈيلەر تۈكۈپ ئۆتتۇم.
بالىلىق چاغ چۈشتى ئەسكە،
ھاياجانغا، مۇڭغا چۆكتۇم...

سىلەر بۇگۇن ئوماققىنە!
شاد ناخشىغا ئامراققىنە!
ئاناڭلارمۇ غەمدىن يىراق،
ئۆتەر كۈنى قۇۋناققىنە[1].

بەختلىكسەن زامانىڭدا،
ئىنىلىرىم - سىڭىللىرىم.
دەستە - دەستە نان ئالدىڭدا!!
قات - قات تازا كىيىملىرىڭ.

ئانا كۆكسى دېڭىز - ئوكيان،
تار ئالدىدا يەرۇ زېمىن!...
ئانا كۆڭلى جەننەتتۇركى،
تەرىپلەشكە يەتمەس تىلىم!...


بەختلىكتىم، ئەمگەن سۈتىنىڭ،
تامچىسىنى ئاقلالىسام!...

---

[1] قۇۋناققىنە — خوشال - خورامغىنە دېگەن مەنىدە.

ئەجەر قىلىپ ئانام ئوخشاش،
ئەل يۈزىگە قارالىسام!...

ئانا شۇنداق پاسىباندۇر،
مۆلچەرى يوق مېھرىباندۇر.
ئانا ئۈچۈن جاننى تىكىش،
بالا ئۈچۈن ئىمتىھاندۇر.



# رەھمەت قىزچاق

رەھمەت قىزچاق! ئاپتوبۇستا،
ئۆتۈندىڭىز ئورنىڭىزنى.
نە ئورۇنكى، ئۆتۈندىڭىز-
ئەڭ ياخشى بىر خۇلقىڭىزنى!

سىز بوشاتقان ئورۇندا مەن،
ئولتۇردۇم-دە، ئويغا كەتتىم...
پەزىلەتلىك مىللىتىمنىڭ،
ئەنئەنىسىنى ئويلاپ يەتتىم:

كىچىكلىرى چوڭلىرىنى،
چىن ئادەتتۇر ئىززەتلىمەك.
چوڭلارغىمۇ شەرەپلىك ئىش.
كىچىكلەرنى يېتەكلىمەك.

مىللىتىمنىڭ پاك قېنىغا،
ئەخلاق شۇنداق سىڭىپ كەلدى.
مېھمىنىغا ئاتنى بېرىپ،
ئۆزى ياياق مېڭىپ كەلدى.

ئاپتوبۇس تېز تورمۇزلىنىپ،
خىيالىمنى يىغىپ ئالدىم.

بىر بوش ئورۇن چىققان ئىدى،
ئولتۇردىڭىز كۆرۈپ قالدىم!

سەپىرىمىز ئۇزۇن ئىكەن،
چۈشۈپ ـ چىقىش بولدى تالاي.
بالىلىق بىر ئايالغىمۇ،
جاي بەردىڭىز، ئىھ، ئايلىناي!...

قانداق ئاتا بالىسى سىز؟
قانداق ئانا پارىسى سىز؟
ھە، ۋاي ئىسىم... ئۇيغۇرۇمنىڭ،
ئىز باسارى— ۋارىسى سىز!...

ياخشى ئوقۇڭ، خىزمەت ئورنۇم،
ئەتە ـ ئۆگۈن تارتۇق سىزگە.
سىزدەكلەرگە قالسا ئىشلار،
ئارمانىمۇ يوق ئارتۇق بىزگە!...



# ئاتقا ئامراق قىز

ئايىمىرە دەپ قىزىم بار،
ئاتقا بەك ئامراق.
ئاتنى دوراپ بەزىدە،
بولىدۇ تايچاق.

تىزگىن سىيرىپ، باش سىلكىپ،
قويىدۇ كىشنەپ.
ۋە بەزىدە چاپچىپ يەر،
ئوينايدۇ چىشلەپ.

قىلار دائىم زوقلىنىپ،
ئاتنىڭ سۆزىنى.
شوخ بۇلاقتا ئوخشىتار،
ئاتنىڭ كۆزىنى.

ئۇنىڭ بىلەن پات-پاتلا،
سۆھبەت قىلىمەن.
بالا بولۇپ مەنمۇ تەڭ،
كۈلسە كۈلىمەن.

چۈشۈپ قالدۇق بۈگۈنمۇ،
ئۆزۈن پاراڭغا...

ئات ھەققىدە ئايمىرە،
چۆمدى ئىلھامغا.

—قارىغىنا، ئاۋۇچۇ.
ئاۋۇچۇ، دەپلا.
باشلىغىنى ئات بولدى،
ئوخشاش بىر گەپلا:

—ئات دېگەننىڭ چېچى بار،
نەچچە يېرىدە؟
سەن بىلەمسەن؟ دەپ بىرەي،
تۇرغىن جىممىدە!

سوئالنى ۋە جاۋابنى،
ئۆزى بېرەتتى.
ھە، بۇ ئىشتىن قەلبىدە،
بايرام سېزەتتى.

—بىر چېچىچۇ؟ ئاۋۇچۇ!
مۇنداق ماڭلايدا.
كۆرسەتمىلىك سۆزلەيتتى،
تامشىپ تاڭلايدا.

كۆز ئالدىمغا كەلدى دەل،
ئات كوكۇلىسى.
پاۋۇز ئىدى سۆزىگە،
خۇشخۇي كۇلكىسى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com